دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ

□ جىڭ ناھىيەسى ماندان يېزىسى چىڭگوەن كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ يارەمچى ئىمامى  ئەمەرجان ئابلەت

مەن جىڭ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، دادام بىر دىنىي ساھەدىكى زات، دادام بىز ئاكا ـ سىڭىللارنى تەربىيەلەشكە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، بىز ھەممىمىز ئوتتۇرا تېخنىكوم ياكى داشۆدە ئوقۇدۇق. مەن ئۆزۈم شىنجاڭ سىفەن داشۆنىڭ يەسلى مائارىپى كەسپى بويىچە ئالىي تېخنىكومنى پۈتكۈزگەن، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۆيدە باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندىم، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ ياردىمىدە، مېنىڭ باقمىچىلىق كەسپىم بارغانسېرى زورىيىپ، شۇ جايدىكى باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىسىگە ئايلاندىم. 2014 ـ يىلى، مەن دىنىي خادىم سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، بىر تەرەپتىن باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر تەرەپتىن دىنىي ئىشلار پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندىم. مەن تۇرۇشلۇق كەنت خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان، كىچىك ۋاقتىمدا، مەن دائىم ھەر مىللەت بالىلار بىلەن بىللە ئويناپ، بىللە ئۆگىنىپ چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقاندۇق. ئۇزاقتىن بۇيان، بىز شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا چىقىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ ئۆتتۇق، ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش دائىملىق ھالەتكە ئايلاندى.

دادامنىڭ دېيىشىچە، بىز ئىلگىرى كېسەك ئۆيدە ئولتۇرىدىكەنمىز، يامغۇر ياغقاندا يوللار پاتقاق بولۇپ كېتىدىكەن، كەچتە كەنت قاپقاراڭغۇ بولۇپ كېتىدىكەن. ھازىر، گۈزەل يېزا ـ كەنت تۈرى يولغا قويۇلۇش ئارقىلىق كەنت يوللىرىنىڭ ھەممىسى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، يەنە يول چىراغلىرى ئورنىتىلدى، ئەمەن ئۆيلەر سېلىنىپ، كەنت ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە تۇرمۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ھۆكۈمەت ھەر يىلى ئومۇمىي خەلقنى سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، دېھقانلارمۇ شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىپ، كېسەل كۆرسىتىشى كاپالەتكە ئىگە بولدى. ھەممە كەنتتە يەسلى قۇرۇلۇپ، بالىلار كىچىكىدىن باشلاپلا ناھايىتى ياخشى تەربىيەگە ئىگە بولدى. مەسچىتلەردە «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش» يولغا قويۇلۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى كاپالەتلەندۈرۈلدى.

ھالبۇكى، ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىنىنى دەستەك قىلىپ، ئاممىنىڭ ساددا مىللىي، دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي تەلۋىلىككە قۇترىتىپ، ھە دەپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، قۇترىتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى سادىر قىلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى قانۇنغا خىلاپ جىنايەت يولىغا ماڭدۇردى. شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئۈنۈملۈك يوقىتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزلۈمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى توستى. بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ زادى قانداقلىقىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە: ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىناق، پۇقرالار خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى ئەڭ زور چەكتە ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلدى، بۇ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئەڭ ياخشى قوغدىغانلىق، شۇنداقلا خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا مۇھىم، زور تۆھپە قوشقانلىق.

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، بۇ پۈتۈنلەي پاكىتقا كۆز يۇمغانلىق، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق، «كىشىلىك ھوقۇق»نى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلغانلىق، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلىغانلىق بولۇپ، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشى، ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش. مەن بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن! ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بۇنداق ئۇششاق ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش خام خىيالىدا بولماڭلار، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرقانداق خام خىيال، سۇيىقەست قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ، مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

# كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىيمىز

□ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى چوڭ بۇغرا يېزىسىنىڭ دۆڭمەھەللە كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى  يالقۇن قايىماخۇن

يېقىندا، مەن خەۋەردە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، جاھىللىق بىلەن ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى ۋە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا رەزىل نىيەتتە ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، جۇڭگو خەلقى، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلىكىنى كۆردۈم. بۇنىڭدىن مەن ئىنتايىن غەزەپلەندىم، يەنە ئىنتايىن ئەجەبلەندىم: ئامېرىكا بىزنىڭ شىنجاڭدىن شۇنچە يىراق تۇرسا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشىغا شۇنچە قىزىقىدۇ، نېمىگە ئاساسەن بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشىغا كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىدۇ، كەلسە ـ كەلمەس ئەيىبلەيدۇ؟ ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئىشىنى بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقتەك ئېنىق بىلەمدۇ؟ شىنجاڭدا تۇغۇلغان، ياشاۋاتقان ئادەتتىكى ئامما بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، دىنىي ساھەدىكى زات بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئەڭ پىششىق بىلىمىز، شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئەھۋالىنى ئەڭ ئېنىق بىلىمىز. دىنىي ساھەدىكى بىر ئۇيغۇر زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىغا قارىتا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، دىنىي ئەسەبىزم شىنجاڭدا پەيدا بولۇپ، يامراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سىنىڭ كۆپ يۈزبېرىشىنى، ئۈزلۈمەي يۈزبېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ پەيدا قىلدى. دىنىي ئەسەبىزم دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قۇترىتىپ، مىللىي قارشىلىشىش پەيدا قىلدى، ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىنسانىيەتكە قارشى، جەمئىيەتكە قارشى، مەدەنىيلىككە قارشى. شىنجاڭ خەلقئارا تەجرىبىلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسىنى قاتتىق يەرگە ئۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇشى، يامرىشىنى كۈچلۈك توسۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ بىخەتەرلىككە بولغان سەممىمىي ئۈمىدىنى قاندۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغدىدى. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ئىنسانىيەتنىڭ ھەققانىيلىق، مەدەنىيلىك ئارقىلىق رەزىللىككە، ياۋۇزلۇققا قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى بولۇپ، چۈشىنىشكە، ھۆرمەتلەشكە ۋە قوللاشقا ئېرىشىشكە ھەقلىق.

ھازىرغىچە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرۈلمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەرقايسى مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق ـ رايىش، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تىنچ ـ خاتىرجەم بولۇۋاتىدۇ. شىنجاڭنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قەتئىي قوللىشى ۋە چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار، باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ خەۋپ يەتكۈزىدىغان زومىگەرلىك قىلمىشلىرىنى توختىتىڭلار، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈشنى، قوتراتقۇلۇق قىلىشنى توختىتىڭلار. ئۇنداق بولمايدىكەن، جەزمەن ئۆز پۇتۇڭلارغا ئۆزۈڭلار پالتا چاپىسىلەر.

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى. بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر جۇڭگونىڭ قۇدرەت تېپىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، شۇڭا ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بىز ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ئورتاق قوغدىشىمىز كېرەك.

# شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ دېگىنى ھېساب

□ خوتەن شەھىرى ئىلچى يېزىسىدىكى توپچا مەسچىتنىڭ خاتىپى  لۇتپۇللا ئابدۇرېھىم

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بوھتان چاپلىدى، شىنجاڭغا قارا چاپلىدى. بۇنىڭغا قارىتا مەن چەكسىز غەزەپلەندىم، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

مەن خوتەندە تۇغۇلۇپ، خوتەندە چوڭ بولغان، خوتەننىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىگە ئۆز كۆزۈم بىلەن گۇۋاھ بولدۇم، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ خوتەندىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ئېلىپ كەلگەن زىيانكەشلىكىنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈردۈم.

كىچىك ۋاقتىمدا، ئىشىكتىن چىقسام ھەممە يەر توپا يول ئىدى، ھازىر ھەممىسى ئاسفالت يول قىلىپ ياسالدى؛ ئىلگىرى تۇرغىنىمىز كېسەك ئۆي ئىدى، ھازىر تۇرۇۋاتقىنىمىز ئازادە، رەتلىك، پاكىز ئەمەن ئۆي؛ ئىلگىرى، مەسچىتتە ناماز ئوقۇساق، ئاياغ، شەخسىي بۇيۇملىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى قالايمىقان دۆۋىلەپ، قالايمىقان قوياتتۇق، نامازخانا قىشتا سوغۇق، يازدا ئىسسىق ئىدى. ھازىر ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرىپ، مەسچىتتە «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى يولغا قويۇپ، سۇلۇق ھاجەتخانا ۋە مۇنچا ياساپ بېرىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ۋە شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىزنىڭ شىنجاڭدا، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ـ قىلماسلىقنى، قايسى خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى، ناماز ئوقۇش ـ ئوقۇماسلىقنى، قانچە قېتىم ناماز ئوقۇشنى، روزا تۇتۇش ـ تۇتماسلىقنى، پۈتۈنلەي ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم، بۆلگۈنچىلىكنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈزبېرىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشى ۋە غايەت زور مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دىنىي ئەسەبىزم «دىن»نى دەستەك قىلىپ، دىنىي ئەقىدىلەرگە پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئاممىنى تويدا ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشتىن، دەپنە مۇراسىمدا يىغلاشتىن توستى. ئۇلار ھەتتا ھەققىي ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان ئاممىغا تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنى دۆلەتنىڭ ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا قارشى تۇرۇشقا، ئاھالىلەر كىملىكى، نوپۇس دەپتىرىنى قەستەن بۇزۇۋېتىشكە، باشقا مىللەتلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىشقا قۇترىتىپ، باراۋەر، ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. تاشقى دۇنيا بەلكىم دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن زەھەرلەنگەن ئاممىنىڭ نەقەدەر بىخۇدلاشقانلىقىنى، جاھىللاشقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقى مۇمكىن. مەن خوتەندە ئىچكىرى رايوندىن كەلگەن بىر راھىبەنىڭ دۇكانغا كىرىپ، دۇكان ئىگىسىدىن ئۇنىڭغا ئازراق قايناق سۇ سەدىقە قىلىشنى تىلىگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم، لېكىن مۇشۇنچىلىك كىچىك ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم ياردەم بەرمىدى. چۈنكى، ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ قارىشىچە، ئاتالمىش «كاپىر»لارغا بىر ئىستاكان قايناق سۇ بېرىشمۇ بىر خىل گۇناھ ھېسابلىناتتى.

ھازىرغىچە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى، ئەسەبىزمنىڭ سىڭدۈرۈلمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ھالبۇكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزنى كۆرۈشنى خالىمىدى، ئۇلار بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلىدى، قارا چاپلىدى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىشى ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ رەزىل نىيىتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. مەن ئاشۇ كىشىلەرگە شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى.

2018 ـ يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايوندىكى ئەمەلدارلار، خەلقئارا تەشكىلاتلار، دىنىي تەشكىلاتلار ۋە مۇتەخەسسىس ـ ئالىملار مەن تۇرۇشلۇق مەسچىتنى ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەت قىلدى. مەن ئۇلار بىلەن يۈزمۇيۈز پىكىر ئالماشتۇردۇم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئەھۋالىنى يۇقىرى دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈردى. ئەجەبا، بۇلار بىزنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىمىزنىڭ ھەققانىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يەتمەمدۇ؟ جۇڭگو قانۇنچىل دۆلەت، جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمەت، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ، ھەرقانداق سىرتقى كۈچنىڭ بوھتان چاپلىشى، قارا چاپلىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ.

بىر دىنىي خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، شىنجاڭدىكى ئىشلارنىڭ ياخشى قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەيىبلەش ھوقۇقى يوق. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ»نى قانات ئاستىغا ئېلىشى، يول قويۇشى بولمىسا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.